ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 21 ـ سان

ئاپرېل 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# خىتاي ئۇيغۇرلارغا يەرشارى خاراكتېرلىك زەربە بەرمەكتە

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 25-ئاپرېل ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ھەققىدىكى سوئالغا دۇچ كەلدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات يىغىنىدا فرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زىيارىتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى سورىغان ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قايسى جايلارنى، كىملەرنى زىيارەت قىلىدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال قويغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن گۇرۇپپىسى 25-ئاپرېل خىتايغا يېتىپ كەلدى. ئالىي ئەمەلدار باچېلېت خانىم 5-ئايدا خىتاينى زىيارەت قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ» دېگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ زىيارەت مەقسىتى بولسا ئىككى تەرەپ ئالاقىسىنى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بىز بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ سىياسىي ئويۇن ئويناشقا ھەرۋاقىت قارشى تۇرىمىز» دەپ بىلجىرلاپ، سوئالغا كونكرېت جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

> **ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ 5-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىدىغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى زىيارەتتىن بۇرۇن ئېلان قىلىشى ھەققىدىكى چاقىرىقلار ئۈزۈلۈكسىز كۈچەيمەكتە. شۇنداقلا باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تەرىقىدە تەكشۈرۈشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنماقتا.**



# تىۋىتتېر خىتاي تور قوشۇنىغا قارشى كۈچلۈك تەدبىر قوللاندى

*تىۋىتتېر شىركىتى يېقىندا خىتاي رېجىمىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغا بولغان تەكشۈرۈشنى كۈچەيتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بولغان بارلىق تىۋىتتېر ئۇچۇرلىرىغا يېڭى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى قويغان. تىۋىتتېر ئابونىتلىرى بۇ خىل ئۇچۇرلارنى ئوقۇغان ۋە قايتا ھەمبەھىرلىگەندە ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىق جەزملەشتۈرۈش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش چىقىدىكەن.*

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 3-فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تىۋىتتېر شىركىتى خىتاي رېجىمىنىڭ چەت ئەلدىكى يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە، خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇچۇر-مەزمۇنلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى قوشقان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىغا قويۇلغان «خەۋىرىڭىز بولسۇن» ناملىق ئاپىلسىن رەڭلىك ئۇندەش بەلگىسى قويۇلغان ئاگاھلاندۇرۇش خەتكۈچىگە «بۇ ئۇچۇر خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ تور بېتىگە ئۇلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ تىۋىتتېر شىركىتىنىڭ رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن دۆلەتلەرنىڭ ئورگان تاراتقۇلىرىغا قارشى يولغا قويغان تەدبىرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا تىۋىتتېر رۇسىيەنىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ ئۇلانمىسى بولغان بارلىق تىۋىتتېر ئۇچۇرلىرىغا بۇ خىل بەلگىنى قويغان.

> تىۋىتتېر شىركىتىنىڭ باياناتچىسى بۇ ھەقتە: «بىز بىر نەچچە يىلدىن بۇيان رۇسىيە ۋە خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئورگان تاراتقۇلىرىغا بەلگە قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىنى تۆۋەنلەتتۇق. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز ئاممىغا مەزكۇر دۆلەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بىز كىشىلەرنىڭ مەلۇم تىۋىتتېر ھېساباتلىرىنىڭ مەلۇم دۆلەتلەر بىلەن بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز» دېگەن.




بىلدۈرۈلۈشىچە، يېقىنقى بىر نەچچە كۈندىن بېرى بىر قىسىم تىۋىتتېر ئىشلەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇ ھېسابلىرىغا ئۇلىنىدىغان مەزمۇنلارنى تارقاتقان ھامان، تىۋىتتېرنىڭ ئاستىدا ئاپتوماتىك ھالدا بىر بەلگە پەيدا بولغانلىقىنى، بەلگىدە مەزكۇر تور بېكەتلەرنىڭ خىتاي رېجىمى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئەسكەرتكەنلىكىنى بايقىغان. ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىچە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ تور بېكەتلىرى تىۋىتتېرنىڭ چەكلەش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ «خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورى» (CGTN)، «شىنخۇا ئاگېنتلىقى»، «خىتاي خەلق گېزىتى»، «خىتاي خەۋەر ئاگېنتلىقى»، «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»، «خىتاي كۈندىلىك گېزىتى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

خىتاي تەشۋىقاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تىۋىتتېر ئۇچۇرلىرىغا بەلگە قويۇلغاندىن سىرت، ئىشلەتكۈچىلەر بۇ خىل ئۇچۇرلارنى ياقتۇرماقچى، ھەمبەھىرلىمەكچى ياكى ساقلىماقچى بولغاندا بىر ئاگاھلاندۇرۇش پەيدا بولۇپ، تىۋىتتېر ئىشلەتكۈچىلىرىگە بۇ تور بېكەتلەرنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىلىدىكەن.

تىۋىتتېر ئالدىنقى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر ئاشكارا يازمىسىدا: «بىز كونترول قىلىش ئارقىلىق ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. مەزكۇر دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننىڭ تەسىرىنى 30% تۆۋەنلەتتۇق» دەپ يازغان.

**بىلدۈرۈلۈشىچە، رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن. خىتاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرى رۇسىيەنىڭ ئۇرۇش تەشۋىقاتىنى تارقىتىشقا ياردەم بېرىپ كەلگەن. مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «تىۋىتتېرنىڭ يېڭى بىر قاتار تەدبىرلىرى خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ، ئەمما خىتاي باشقا ئۇسۇللار بىلەن تىۋىتتېردا تەشۋىقاتىنى داۋاملىق تارقىتالايدۇ» دېگەن.**



# پاكىستاندىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى زەھەرلەنمەكتە

*پاكىستاندىكى خىتايپەرەس بىر ئۇچۇم ئۇيغۇرلار تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى زەھەرلەشكە ئۇرۇنماقتا.*

*4-ئاپرېل پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتاي جەمئىيەتلىرىدىن «سابىق خىتاي يۇقىرالىرى جەمئىيىتى» بىلەن «پاكىستان خىتاي كۆچمەنلىرى جەمئىيىتى» پاكىستاننىڭ گىلگىت ئۆلكىسى بالتىستان رايونىدا خىتايلارنىڭ قەبرىلىرىگە گۈلچەمبىرەك قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، مەزكۇر پائالىيەتكە خىتايپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا قىسمەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى قاتناشتۇرۇلغان.*

مەلۇم بولۇشىچە، پاكىستاننىڭ گىلگىت ئۆلكىسىدە ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى ئۆلگەن 80 گە يېقىن خىتاينىڭ قەبرىسى بار بولۇپ، بۇ خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەردىن گىلگىتقا تۇتىشىدىغان يول ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. پاكىستاندىكى خىتاي جەمئىيەتلىرى ھەر يىلى 4-ئاپرېل مەزكۇر خىتايلارنىڭ قەبرىسىگە گۈلچەمبىرەك قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە مەزكۇر خىتاي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزالىرى بۇ خىتايلارنى «يول ياساش داۋامىدا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇلارنى شېھىت دېيىشكە بولىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان ھەمدە ئۇلارغا دۇئا قىلىپ، ئىسلام دىنىدىكى ئۇلۇغ مەرتىۋە ھېسابلىنىدىغان «شېھىت» ئۇقۇمىغا ھاقارەت قىلغان.

پائالىيەتكە مەزكۇر جەمئىيەتلەردە ئاكتىپ خىزمەت قىلىۋاتقان خىتايپەرەس ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان. پائالىيەتتە يەنە: «مەزكۇر خىتايلار خىتاي-پاكىستان مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئۇلار بولمىغان بولسا خىتاي بىلەن پاكىستاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى بۈگۈنكىدەك ياخشى بولمىغان بولاتتى» دەپ جار سېلىنغان ۋە ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى خىتايلارنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىشقا بۇيرۇلغان.

ئۇندىن باشقا پائالىيەتتە يەنە خىتاي ئەلچىخانىسى مەزكۇر خىتايپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن



پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تارقىتىپ، كۆز بويامچىلىق قىلغان.

پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى رەئىسى ئۆمەر ئۇيغۇر ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى




قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئەلچىخانىسى پۇل بېرىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق بۇ ئۇيغۇرلارنى خىتاي قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا چىقارغان بولۇپ، خىتاينىڭ پاكىستاندىكى قولچوماقلىرى مەزكۇر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا ئۇرۇنغان.

ئۆمەر ئۇيغۇر ئەپەندى بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پاكىستاندا ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە «ئۇيغۇر ئانا تىل يەسلى» قۇرۇپ، ئۇلارنى تەربىيەلەشكە تىرىشىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتايپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خىتايغا ئەۋەتىپ ئوقۇتقاندىن باشقا، پاكىستاندا خىتاي تىلى يەسلىسى ۋە مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.



# ئىستانبۇلدا بارىن شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئىپتارلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

5-ئاپرېل ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدا بارىن شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئىپتارلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، پائالىيەت ئابدۇجېلىل قارىنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، بارىن جىھادىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بارىن شېھىتلىرىنى ھۆرمەت ئىچىدە ياد ئېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە بارىن جىھادىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يەنە بىر قېتىم ئويغاتقانلىقىنى، شۇنىڭدىن تارتىپ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى، بارىن جىھادىنىڭ پەقەت ئاددىيلا زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى پىلانلىق، نىشانلىق قوزغالغان مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى باشقا تەرىقىدە ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان شېھىتلىرى ھەققىدىكى قىسقا فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلدى. ئۇ 32 يىل ئىلگىرى جانلىرىنى پىدا قىلغان بارىن شېھىتلىرىنىڭ جىھادىي روھىدىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، چەت ئەلدە شۇنچە ئەركىن ياشاپ تۇرۇپمۇ، ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلماي يۈرگەنلەرنىڭ يەنىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلارنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

> **ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، بارىن شېھىتلىرىنىڭ ئۆز پىداكارلىقى ئارقىلىق، خىتايغا قارشى قوراللىق جىھاد قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى نامايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى، بۇ خىل قارشىلىقلارنىڭ نېمە پايدىسى بولدى، دېيىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىدىيە - پىكىرلىرىنىڭ بۇلغانغانلىقىنى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، بارىن مۇجاھىدلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ھەرۋاقىت ھەرىكەتكە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.**

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىم سۆز قىلىپ، ئىسلام دىنىدا شېھىتلىكنىڭ ئالاھىدە يۈكسەك مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەرتىۋىنىڭ ھەممە كىشىگە نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، بارىن شېھىتلىرىنىڭ جانلىرى، قانلىرى بەدىلىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۈلگە ياراتقانلىقىنى بىلدۈردى.

پائالىيەت ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۇيۇشمىچە ئېچىلغان دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.

## دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بارىن جىھادى خاتىرىلەندى

1990-يىلى قەشقەرنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى بارىن يېزىسىدا خىتايغا قارشى قوزغالغان قوراللىق ھەرىكەت - بارىن جىھادىنىڭ 32 يىللىقى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئالاھىدە خاتىرىلەندى.

5-ئاپرېل ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋەقفى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، ئەنقەرەدە بارىن جىھادىنىڭ 32 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. خاتىرىلەش مۇراسىمىغا بىر قىسىم تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن باشقا، ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتلىرى، بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى، كېلەچەك پارتىيەسى ۋە تۈرك ئوچاكلىرى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان. يىغىندا سۆز قىلغۇچىلار بارىن جىھادىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالغاندىن سىرت، بارىن شېھىتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكەن.

4-ئاپرېل قازاقىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بارىن جىھادىنىڭ 32 يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. خاتىرىلەش پائالىيىتى ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئاقيول رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 70 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. مۇراسىمدا بارىن جىھادى، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى قەتلىئاملىرىدا جان پىدا قىلغان شېھىتلەرگە ئاتاپ خەتمە قۇرئان ۋە دۇئا قىلىنغان. مۇراسىمدا قەھرىمان غوجامبەردى ئەپەندى بارىن جىھادىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرغان.

3-ئاپرېل بارىن جىھادىنىڭ 32 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدا شېھىتلەرنى خاتىرىلەش ئېچىلىقى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، پائالىيەتنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى تەشكىللىگەن. مۇراسىمغا بىر قىسىم تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن باشقا، ئىيى پارتىيە قاتارلىق تۈركىيەدىكى بىر نەچچە پارتىيەنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلغان.

ئۇندىن باشقا شۋېتسىيە، فرانسىيە قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار بارىن جىھادى ۋە شېھىتلىرىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا خاتىرىلىگەن.






بىر نەچچە كۈن بۇرۇن سەئۇدى دائىرىلىرى تەرىپىدىن سەۋەبسىز تۇتۇپ كېتىلگەن بۇخەلچەم ئابدۇللاھ 9-ئاپرېل كەچتە فېيسبۇك ئارقىلىق ئۆزى ۋە قىزىنىڭ نۆۋەتتىكى خەتەرلىك ئەھۋالى ھەققىدە سىن تارقىتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

مەزكۇر سىندا بۇخەلچەم خانىم ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە يىغلىغان ھالدا ئىندا قىلىپ، ئۆزى ۋە 13 ياشلىق قىزى بابۇرە مىرئەھمەدنىڭ سەئۇدى ساقچىلىرى تەرىپىدىن رىيادقا ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى، ئۇلارنى خىتايغا يولغا سېلىۋېتمەكچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر كۈنگە قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىن جىددىي ياردەم تەلەپ قىلدى.

بۇخەلچەم خانىم سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ۋە خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن نۇرمۇھەممەد روزىنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى بولۇپ، 30-مارت مەككە ئەتراپىدا سەئۇدى ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى نۆۋەتتە خەلقئارادا جىددىي كۈنتەرتىپكە كەلگەن بولۇپ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرماقتا.

جۈملىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بۇ خاتا قارارىنى توسۇپ قېلىشقا چاقىردى. باياناتتا تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ نۆۋەتتە تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، تۈركىيە ئەلچىخانىسى، پاناھلانغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە نوپۇزلۇق تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەزكۇر تۆت ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ جىددىدە تۇرۇشلۇق ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغىمۇ چاقىرىق ئەۋەتىپ، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئالدىنقى كۈنى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ: «13 ياشلىق ئۆسمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ تۆت كىشىنى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، باستۇرۇش، قىيىن-قىستاققا ئېلىش قاتارلىقلارنى ئىجرا قىلىۋاتقان خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش خەلقئارالىق قانۇنغا دەرىجىدىن تاشقىرى خىلاپ» دېگەنىدى.

# خىتاي ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»نى قايتا تەكىتلىدى



ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش» ئايلىق يىغىندا ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» نامىدىكى تېررور سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش» 8-ئاپرېل ئايلىق سۆھبەت يىغىنى ئاچقان. يىغىندا سۆز قىلغان قورچاق ئەمەلدارلاردىن نۇرلان ئەبىلمەجىن «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان. يىغىندا يەنە خىتاي يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى كۈچەپ تەشۋىق قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلغۇزۇش» قاتارلىق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى قايتا تەكىتلەنگەن.

قورچاق ئەمەلدار نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىندا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى خىتاينىڭ تارىخىغا باغلاپ تونۇشتۇرغان. خىتاي ئالدىنقى يىللاردىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارىخىي جايلار ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا كۆپلەپ ساياھەت رايونى قۇرۇپ، خىتايلارنىڭ ساياھەت قىلىشىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغانىدى.

> كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ ھەرخىل رەزىل ۋاسىتىلەر ۋە تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىنى چەكلەپ، پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ماس قەدەمدە يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى خىتاي مەدەنىيىتىنى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن باستۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەدرىجىي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېتىقادى، مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار تەلىم-تەربىيەنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەشمەكتە.




# دۇنيا بانكىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلدى

ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى دۇنيا بانكىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق خىتاي شىركەتلىرىگە قەرز بېرىش مەسلىسى ھەققىدە مەكتۇپ يوللىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى 11-ئاپرېل دۇنيا بانكىسىنىڭ باشلىقى داۋىد مالپاسقا (David Malpass) مەكتۇپ ئەۋەتىپ، دۇنيا بانكىسى قارمىقىدىكى خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان تۆت شىركەتكە قەرز بېرىش قىلمىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**مەكتۇپتا دۇنيا بانكىسىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان تۆت شىركەتنى كەم دېگەندە 486 مىليون دوللار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر خەتنىڭ يېزىلغانلىقى تەكىتلەنگەن ۋە خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە شىركىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندا سودا قىلىدىغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنى دەرھال توختىتىش تەلەپ قىلىنغان.**

مەكتۇپتا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىپ، سىرتقى دۇنيانىڭ تەكشۈرۈشىگە غايەت زور خىرىس ۋە قىيىنچىلىق پەيدا قىلغانلىقى، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردا قولغا ئېلىش ياكى باشقا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك خەۋپلەرگە قارىماي، شەرقىي تۈركىستاندىن بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

مەكتۇپتا يەنە تۆرلۈك تۇسالغۇلار سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ قىيىنلىقى، ئەمما ئامېرىكا ئەقىل ئامبىرى «ئاتلانتىك كېڭىشى»نىڭ دوكلاتىدا خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرىنى، سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىنى، شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دۇنيا بانكىسى مەبلەغ سالغان شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرگىلى بولغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا ئەگەر دۇنيا بانكىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شىركەتلەرگە قەرز بېرىشنى توختاتمىغان تەقدىردە، كومىتېتنىڭ ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرىدىن دۇنيا بانكىسىنىڭ ئامېرىكا ئىجرائىيە دىرېكتورىغا، ئالاقىدار ھەرقانداق قەرز بېرىش ياكى ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش قارارلىرىنى رەت قىلىپ ئاۋاز بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# يەنە بىر جازا لاگېرى شاھىتى ئامېرىكىغا سالامەت يېتىپ باردى

لاگېر شاھىتى ئوبۇلبېك تۇرداخۇن شەرقىي تۈركىستاندىن چېگرا ئارقىلىق قىرغىزىستانغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ چىققان بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشكە ئالاھىدە ئىجازەت بېرىلگەن.

ۋال كوچىسى گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستانلىق قىرغىز شاھىت ئوبۇلبېك تۇرداخۇن جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چېگرا ئارقىلىق قىرغىزىستانغا مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ چىققان ۋە 8-ئاپرېل ئايالى ۋە 12 ياشلىق ئوغلى بىلەن ئامېرىكىغا ساق-سالامەت يېتىپ بارغان.

ئۇ «مۇھاپىزەتچى گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلىنىشى ئۈچۈن بىر نەچچە ئاي ساقلاپ، ئاخىرى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىز ئامېرىكىغا كىرىش رەسمىيەتتىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن يۈز كۈندىن ئارتۇق ساقلىدۇق. بىز ئۈچۈن ئامېرىكىدا بولۇش ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئوبۇلبېك تۇرداخۇن 2018-يىلى 2-ئايدا تۇتقۇن قىلىنغان. خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن ۋىزا ۋاقتى توشقانلىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. سوراق جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە بىر قىرغىزىستان پۇقراسى بىلەن توي قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم سوراق قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئاشكارىلىشىچە، تۇتقۇندىكى ۋاقتىدا دوختۇرلار ئۇنىڭغا نامەلۇم ئوكۇل ئۇرغان. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سولانغان 23 تۇتقۇندىنمۇ ئۇ ئوكۇلنىڭ زۇكامغا قارشى ۋاكسىنا ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئەمما لاگېردىكىلەرگە ئوكۇل ئۇرۇلغاندىن كېيىن قولاق ۋە قول-پۇتلىرىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئوبۇلبېك تۇرداخۇن جازا لاگېرىدا 10 ئاي تۇتۇپ تۇرۇلغاندىن كېيىن، 2018-يىلى 12-ئايدا قويۇپ بېرىلگەن. سىرتقا چىققاندىن كېيىن يول مېڭىشتا بىر مەزگىل قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن.

ئوبۇلبېك تۇرداخۇن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ئائىلىسىدە بىر يىل نەزەربەند قىلىنغان. ئۇ قايتا قولغا ئېلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە 2019-يىلى قىرغىزىستانغا قېچىپ چىققان. قىرغىزىستاندىكى مەزگىللەردە خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭ بانكا ھېساباتى توڭلىتىلغان. ئىككى يىلدىن كېيىن قىرغىزىستان دائىرىلىرى ئۇنىڭ ۋىزىسىنى ئۇزارتىشنى رەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.

نۆۋەتتە يەنە بىر جازا لاگېرى شاھىتىنىڭ بىخەتەر دۆلەتكە يېتىپ بېرىشى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە پاش قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارالماقتا.




*ئامېرىكا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى بىر يىللىق ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقى قايتا تەكىتلەندى.*




ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 12-ئاپرېل «2021-يىللىق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى»نى ئېلان قىلغان. دوكلاتتا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىپ سادىر قىلغان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى تەكىتلەنگەندىن سىرت، خىتاي قاتارلىق دىكتاتور كۈچلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى تەنقىد قىلىنغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن مەزكۇر دوكلات ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتىدا رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلارنىڭ چېكىنىشىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى، جەسەتلەر قوللىرى باغلانغان ھالدا كوچىدا قالغانلىقىنى، تۇرالغۇ بىنالىرىنىڭ پۇقرالار بىلەن قوشۇلۇپ خارابىلىككە ئايلانغانلىقىنى، قىز-ئاياللارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى، قورشاۋدا قالغان بىر قىسىم پۇقرالارنىڭ ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىلىنكېن يەنە 2021-يىلدىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر قىسىم كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك جىنايى



قىلمىشلىرى گەۋدىلىك بولغان خىتاي، ئىران، سۈرىيە، بېلارۇسىيە، كۇبا، مىسىر، ئېفىيوپىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى تىلغا ئالغان.

**بىلىنكېن باياناتىدا خىتاينى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنىڭ داۋاملىق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن، شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ خوڭكوڭنىڭ ئاساسىي ئەركىنلىكى ۋە يۈكسەك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، تىبەت خەلقىنى سىستېمىلىق باستۇرغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.**

مەزكۇر دوكلاتنىڭ 90 بەتلىك قىسمى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خىتاينىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، سىياسىي مەقسەت بىلەن قانۇنسىز ئۆلتۈرۈش، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش، قىيناش، رەھىمسىز ۋە پەسكەش ۋاستىلەر بىلەن جازالاش، ئادىل ۋە ئوچۇق سوت تەرتىپىنى رەت قىلىش، كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە ئېرىشىش، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىگە قانۇنسىز ئارىلىشىش، سۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش، تىنچ يىغىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلەش، دىن ئەركىنلىكى، پائالىيەت ئەركىنلىكى، ساياھەت ئەركىنلىكى، ئەمگەك ئەركىنلىكى ۋە كوللېكتىپ كېڭىشىش ئەركىنلىكىنى چەكلەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، بالىلارنى ئەمگەككە سېلىش، ئەمگەك ۋە كەسىپ ساھەسىدە كەمسىتىش قاتارلىق قىلمىشلىرى تىلغا ئېلىنغان.





خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق دوكلات ئارقىلىق خىتايغا قارا سۈركىگەنلىكى، قوش ئۆلچەم قوللانغانلىقى، ئامېرىكىدا تۈرلۈك ئىنسانىي ھوقۇقلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىۋاتقانلىقى، ئامېرىكا خەلقىنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە جار سالغان.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىجابىي جاۋاب ئالدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت 16-ئاپرېل ئىستانبۇلدا تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى.

ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار، سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى رەئىسى دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئىدارە ھەيئەت ئەزاسى ئادىل مۇھەممەتئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەندى.

ھەيئەت مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا يەتكۈزۈش ۋە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە بارغان بولۇپ، ھەيئەتنى تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سۈلايمان سويلۇ بىۋاسىتە كۈتۈۋالدى.

ھەيئەت مىنىستىر سۈلايمان سويلۇغا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۈركىيە پۇقرالىقى، «G-87» كودى ياكى باشقا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلەرنى تىزىملىكتىن چىقىرىش، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى.

**ھەيئەت زىيارەت جەريانىدا ئىجابىي جاۋابقا ئېرىشكەن بولۇپ، مىنىستىر سۈلايمان سويلۇ ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشىش مەسىلىسىنى پات يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەنلىكىنى، بۇ مەسىلىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشى كېرەكلىكىنى، «G-87» كودى قويۇلغان ياكى باشقا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.**



# خىتاي ئۆز دۆلەت شىبىرىنىڭ تىپىكسىنىمۇ چەكلەپ كۈلكىگە قالدى

*شاڭخەيدە ئۈچ ھەپتىدىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك قامال سەۋەبلىك، خىتايلارنىڭ نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، خىتاي رېجىمى دۆلەت شېئىرىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلارنى سەزگۈر ئىبارىلەر قاتارىدا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن چەكلىدى.*

**ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، يۇقۇمغا قارشى تەدبىرلەر سەۋەبلىك نارازىلىقى كۈچەيگەن خىتايلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خىتاي رېجىمىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبلىك تور باشقۇرۇش دائىرىلىرى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسى بولغان سىنا مىكرو بىلوگىدا (ۋېيبو) بىر قىسىم سەزگۈر سۆزلەرنى چەكلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي دۆلەت شېئىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسى بولغان «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار» دېگەن جۈملىمۇ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئىزدىگەندە ھېچقانداق ئۇچۇر كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ، سىنا تورى بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن.**

خىتاينىڭ بۇ تەدبىرى چەت ئەلدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا غۇلغۇلا قوزغىغان ۋە قاتتىق كۈلكىگە قالغان بولۇپ، كىشىلەر بۇنىڭدىن يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى، بۇ ۋەقەنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

بۇ خىتاي رېجىمىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ خىل چەكلىمىنى يولغا قويۇشى ئەمەس بولۇپ، 2020-يىلى ۋۇخەندە خىتاي ۋىرۇسى تارقىلىشقا باشلىغاندا، ۋىرۇس مەسىلىسىنى ئاشكارىلاپ قويغان دوختۇرنىڭ ئۆلۈمى توردا نارازىلىق پەيدا قىلغانلىقتىن، بىر قىسىم خىتاي تور بەتلىرى ئوخشاشلا دۆلەت شېئىرىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى چەكلىگەنىدى.




# سەئۇدى ئەرەبستاندىكى تۆت ئۇيغۇرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىمزا پائالىيىتى باشلاندى

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان، خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلالمىغان، 13 ياشلىق قىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت ئۇيغۇرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىمزا پائالىيىتى باشلىدى.

**خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ ھەقتە چاقىرىق ئېلان قىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى بۇخەلچەم ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ قىزىنى خىتاينىڭ قىيىن-قىستاقتا ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن. چاقىرىقتا: «بىز پادىشاھ سالمان بىن ئابدۇلئەزىز ئەلسەئۇدقا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بۇخەلچەم ئابدۇللاھ، ئۇنىڭ قىزى، بۇخەلچەم ئابدۇللانىڭ سابىق يولدىشى نۇرمۇھەممەت روزى ۋە ئۇنىڭ دوستى ھەمدۇللاھ ۋەلىنى خىتايغا قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىشىڭلار كېرەك. ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز» دېيىلگەن.**

مەزكۇر تەشكىلات يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكى سەۋەبىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار مىللەتلەرگە قارشى ئېجرا قىلىۋاتقان ئەركىنلىكنى چەكلەش، قىيناش ۋە ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك پاكىت بارلىقىنى، بۇلارنىڭ ئاشكارىلانغان رەسمىي ھۆججەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ يۈزلىگەن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى، بىر قىسىم سىنلار ۋە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستان بىخەتەرلىك دائىرىلىرى 2020-يىلى 20-نويابىر مەككە مۇكەررەمىنىڭ مىسفىلا مەھەللىسىدىكى بىر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق ئىككى ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغان. تۇتقۇنلارنىڭ بىرى 2020-يىلى 2-ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئۆمرە ھەجگە بېرىپ، خىتاي ۋىزىسى سەۋەبلىك تۈركىيەگە قايتالماي تۇرۇپ قالغان ھەمدۇللاھ ۋەلى، يەنە بىرى 2006-يىلدىن بېرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇش رۇخسىتى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان نۇرمۇھەممەت روزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تۈركىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقامىتى بار ئىكەن. بۇخەلچەم ئابدۇللاھ بولسا نۇرمۇھەممەت روزىنىڭ بۇرۇنقى ئايالى بولۇپ، ئۇ 13 ياشلىق قىزى بىلەن بۇ يىل 30-مارت مەككە ئەتراپىدا سەئۇدى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغانىدى.

مەزكۇر تۆت ئۇيغۇر ئەسلى 13-ئاپرېلدا سەئۇدى دائىرىلىرى تەرىپىدىن گۇاڭجۇغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بىلەن خىتايغا قايتۇرۇۋېتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، سەئۇدى دائىرىلىرى خەلقئارالىق بېسىم ئاستىدا ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇشنى توختىتىپ قويغانىدى.




***خەلقئارادىكى 60 كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتى ب د ت كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، زىيارىتىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى.***

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خەلقئارا كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 60 خەلقئارالىق تەشكىلات 19-ئاپرېل بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك هوقۇق كومىتېتى ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىشىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىگە يېتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرى باچېلېتنى خىتاينىڭ زىيارەت جەريانىنى كونترول قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر قانچە تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان. باچېلېت 5-ئايدا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي بۆلۈمى مۇدىرى سوفى رىچاردسون (Sophie Richardson) تەشكىلاتنىڭ بۇ هەقتىكى باياناتىدا: «خىتاي ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ خىتاي كۆرۈشنى خالىمايدىغان هەر قانداق نەرسىنى



كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىدىغانلىقى هەققىدە هېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. مىشېل باچېلېت خىتاي دائىرىلىرىنىڭ زىيارەتنى كونترول قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىكى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە باشقا ئېغىر زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك» دېگەن.

**بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا هۆكۈمىتى ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەت پارلامېنتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى**



**باستۇرۇش قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەن بولسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتمەستىن، «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئاتىغان ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ 2014-يىلىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە تۈرلۈك باستۇرۇش سىياستى ئىجرا قىلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان.**

مىشېل باچېلېت 2018-يىلى 9-ئايدا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، خىتاي بۇنىڭغا قوشۇلمىغان. ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەتلىشىش نەتىجىسىدە، خىتاي رېجىمى ئاخىرى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىكىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما تەكشۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىمقى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ 2005-يىلىدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق زىيارىتى ھېسابلىنىدىكەن.

**نۆۋەتتە مىشېل باچېلېت مۆلچەرلەنگەن زىيارەتكە كونكرېت تەييارلىق قىلىشنى باشلىغان بولۇپ، تەييارلىق جەريانىدا چوقۇم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىش بەلگىلىمىلىرىنى ئويلىشىش كېرەكلىكى ئېيتىلغان. بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغان 60 تەشكىلات ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئەركىنلىك سارىيى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، تىبەت خەلقئارا ھەرىكىتى، خىتايغا ياردەم جەمئىيىتى، خىتاي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار جەمئىيىتى، خوڭكوڭ دېموكراتىيە كومىتېتى قاتارلىقلار بار ئىكەن.**






شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك كۈچلۈك بېسىمغا دۇچ كەلگەن خىتاي رېجىمى نومۇسسىزلارچە «مەجبۇري ئەمگەككە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنگەن ۋە بىر قىسىم جازالارغا ئۇچراۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاينىڭ ئاتالمىش «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى» دائىمىي كومىتېتىنىڭ 34-قېتىملىق يىغىنى 20-ئاپرېل يېپىلغان. مەزكۇر يىغىندا «1930-يىلىدىكى مەجبۇري ئەمگەك ئەھدىنامىسى» ۋە «1957-يىلىدىكى مەجبۇري ئەمگەكنى بىكار قىلىش ئەھدىنامىسى» تەستىقلانغان.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتى 2-ئايدا خىتايدىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا مىللەت ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرگە قىلىنىۋاتقان مۇئامىلىلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، خىتاي خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ «مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىغان. مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا-خىتاي ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىغا بۇ ھەقتە بايانات بېرىپ: «مەجبۇري ئەمگەكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ھوقۇقتۇر. شۇڭلاشقا خىتاينىڭ بۇ ئاساسىي ئەھدىنامىلەرنى تەستىقلىشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەن.



ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن بۇلتۇر 12-ئايدا «ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»غا ئىمزا قويغان. قانۇنغا ئاساسەن، ئەگەر شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇري ئەمگەك



**ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردە، 6-ئايدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن مال ئىمپورت قىلىشى چەكلىنىدىكەن. ئۇندىن باشقا خىتاي بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى 2020-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىمزالىغان ئىككى تەرەپلىك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى سەۋەبلىك توختىتىلغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ كەينى-كەينىدىن بىر-بىرىنى جازالىشى ئارقىسىدا، مەزكۇر كېلىشىم مۇددەتسىز كېچىكتۈرۈلگەن.**



بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە تەھلىل قىلىنىشىچە، خىتاي رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا رۇسىيەنى قوللىغانلىقى سەۋەبلىك، «مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىسىمۇ، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشى ناتايىن ئىكەن. ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، بۇ ئەھدىنامىنى ئىمزالاشنى ئەمەلىيەتتە «خىتاينىڭ ئوبرازىنى ياخشىلاش ھەرىكىتى، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەپ قارايدىكەن.

ياۋروپا ئىتتىپاقى سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى جورج ۋۇدكې (Joerg Wuttke) ئالدىنقى ھەپتىدىكى سۆزىدە ئەگەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتمىسە، خىتاينىڭ كېچىكىپ بۇ ئەھدىنامىنى تەستىقلىشىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پوزىتسىيەسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.



# خىتاي نومۇسسىزلىق بىلەن شىۋېتسىيەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەتلەشكە چاقىردى

شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، ئىسلامغا ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرنى چەكلىگەن خىتاي نومۇسسىزلىق بىلەن، شىۋېتسىيەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 20-ئاپرېلدىكى ئاخبارات يىغىنىدا خىتاي مۇخبىرنىڭ شىۋېتسىيەدىكى بىر رادىكال سىياسەتچىنىڭ قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرگەنلىكى، بۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنلىكى، كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ شىۋېتسىيەگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ھەققىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەن.

ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئوخشىمىغان ئېتىقادقا زەربە بېرىشكە قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكى، مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى-تۆۋىنى بولمايدىغانلىقى، بەلكى خاسلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ مەلۇم ئېتىقاد ياكى مەدەنىيەتنى كەمسىتىش قىلمىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقى، شىۋېتسىيەنىڭ بۇ قېتىم ساۋاق ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلىشى ۋە قوغدىشى كېرەكلىكى ھەققىدە جار سېلىپ، نومۇسسىزلارچە بىلجىرلىغان.

**ھالبۇكى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلغان، زىيانكەشلىك قىلغان ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ، كۆيدۈرۈلگەن قۇرئانلارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق بولۇپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا 16 مىڭغا يېقىن مەسچىتنى چېقىۋەتتى ياكى بۇزۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي دەۋا قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە، پەرقلىق مەدەنىيەتلەرگە دۈشمەنلىك يولىنى تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كەمسىتىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جىنايەتلىرىنى ئاتالمىش «مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» نامىدا ئاشكارا تەشۋىق قىلىپ، ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.**

خىتاي باياناتچىسىنىڭ بۇ نومۇسسىز بايانلىرى بىر قىسىم خەلقئارالىق تاراتقۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، خىتاينىڭ شىۋېتسىيەنى دىنىي ئەركىنلىك مەسىلىسىدە تەنقىد قىلىۋاتقانلىقى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا بولسا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر ئېلان قىلىنماقتا.




# لاگېر شاھىتلىرى ب د ت باش ئىشتابى ئالدىدا نامايىش باشلىدى

يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە پاش قىلىپ كەلگەن جازا لاگېرى شاھىتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى باش ئىشتابى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دوكلاتى ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان لاگېر شاھىتلىرىدىن ئۆمەر بېكالى، گۈلباھار جېلىل، قەلبىنۇر سىدىق ۋە گۈلباھار خاتىۋاجى 25-ئاپرېل ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى باش ئىشتابى ئالدىغا يىغىلىپ، ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان دوكلاتى ھەققىدىكى نامايىشىنى باشلىدى. ئۇلار قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى ۋە «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختات»، «باچېلېت، بىز سىزنىڭ ئادىللىقىڭىزغا موھتاج»، «بارساڭلار، بىزنىمۇ ئېلىپ بېرىڭلار»، «ب د ت، دوكلاتنى ئېلان قىلىڭلار» دەپ يېزىلغان تاختايلارنى كۆتۈرگىنىچە، يامغۇرغا قارىماي نامايىش قىلدى.

تۆت لاگېر شاھىتى نامايىشتا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا قامالغانلارغا كىيدۈرۈلىدىغان مەھبۇس كىيىمىگە ئوخشاش قىلىپ ئاپېلسىن رەڭلىك مەھبۇس كىيىمى كىيىپ كەلگەن بولۇپ، ئۈستىگە «گۇگېلدىن ئۇيغۇر دەپ ئىزدەڭ» دەپ يېزىلغان.

لاگېر شاھىتلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ توغرۇلۇق سىن ھەمبەھىرلەپ، مەزكۇر نامايىشنى باشلاشتىكى مەقسىتىنىڭ ب د ت دىن شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى زىيارەتكە بېرىشتىن بۇرۇن ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىش، شۇنداقلا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندا خىتاي ئالدىن تەييارلاپ قويغان ساختا كۆرۈنۈشلەرگە ئالدىنىپ قالماي، خەلقئارا جەمئىيەتكە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشقا چاقىرىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەزكۇر نامايىش خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، خىتاينىڭ جەنۋەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانا خادىملىرى بىخەتەرلىك دائىرىلىرىگە «شەرقىي تۈركىستانلىق تېررورچىلار قانۇنسىز نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» دەپ شىكايەت قىلغان. نەتىجىدە بىر تۈركۈم ساقچىلار كېلىپ، لاگېر شاھىتلىرىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى تەكشۈرگەن. ئەمما بۇنىڭ قانۇنلۇق نامايىش ئىكەنلىكىنى، بارلىق رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قايتىپ كەتكەن.

لاگېر شاھىتلىرى مەزكۇر نامايىشنىڭ بىر ھەپتە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى خەلقئارادا يەنە بىر قېتىم كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



# ئىستانبۇلدا «قېرىنداشلىق ئىپتار پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى

23-ئاپرېل ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونى كازلىچەشمە كۇلتۇر مەركىزى مەيدانىدا 2000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، چوڭ تىپتىكى «قېرىنداشلىق ئىپتار پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى.

ئىپار پائالىيىتىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان دىنىي ئۆلىمالار، زىيالىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن سىرت، تۈركىيەنىڭ مۇئاۋىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىسمائىل چاتاقلى، تۈركىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى ساۋاش ئۈنلۈ، مۇئاۋىن مۇدىرى گۆكچە ئوق، ئىستانبۇل مۇئاۋىن ۋالىيسى دوكتور ياشار ئاكسانجار، ئىستانبۇل شەھەرلىك كۆچمەنلەر ئىدارىسى مۇدىرى بايرام يالىنسۇ ۋە تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن پارتىيە، تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

پائالىيەت ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ سۆزىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى شۇنداقلا، بارلىق دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇبارەك ئېيى بولغان رامىزاننى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، بۇ مۇبارەك كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ روزا تۇتۇش قاتارلىق بارلىق ئىبادەتلىرىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتەك ئەقەللىي ھوقۇقلىرىنىڭمۇ چەكلەنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئۇ سۆزىدە يەنە تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشىش يولىدا نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى قىلغانلىقىنى، تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ يىل ھەج مەۋسۇمىغىچە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېرىشىش ۋە باشقا بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن يولىيورۇق چۈشۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن ھەممەيلەننىڭ رامىزان ئېيىنى تەبرىكلىدى. ئارقىدىن يەنە بىر خۇش خەۋەرنى تىلغا ئېلىپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر يەردە ئىبادەت قىلىشى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشى مەقسىتىدە، مەسچىت، كۇتۇپخانا، پائالىيەت زالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مەركەز قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتى، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ۋە خەلقنىڭ قوللىشىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**پائالىيەتكە تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلغان تۈركىيە مۇئاۋىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىسمايىل چاتاقلى سۆز**

**قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق ئىدېيولوگىيە سىستېمىلىرىنىڭ ھەرخىل يېڭى پىلانلىرى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار باشقا ئىنسانلارنىڭ كۇلتۇرلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۇرلۇك ھەرىكەتلەرنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، بىر قىسىم كۈچلەرنىڭ تارىختىن بېرى تۈرك دۇنياسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا تۈركىيەنىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك ئەللىرى بىلەن قايتىدىن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانلىقىنى بىلدۈردى.**



**ئۇ سۆزىدە يەنە: «نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەرد-ئەلەملىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. شۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، دۇنيا تەرتىپى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتىشى، ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنى باشقا سەۋەبلەر بىلەن كۆرمەسكە سېلىشى مۇمكىن ئەمەس. تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىشتا ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىمەن» دېدى.**

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان تۈركىيە پۇقرالىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ: «بىرىنچى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۈركىيە پۇقرالىقىغا ئېلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز. ئىككىنچى، تۈركىيە ۋە باشقا يەرلەردە چەت ئەللىك جەمئىيەتلەر ياكى شەخسلەر ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن مەقسەتلىك ھالدا ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. سىلەرگە شۇنى ئېنىق بىلدۈرىمەنكى، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. بۇنداق بولۇشقا تۈركىيە خەلقىمۇ يول قويمايدۇ. شۇڭا سىلەر ئارامىڭلارنى بۇزۇپ يۈرمەڭلار، ئارامىڭلارنى بۇزىدىغانلارغا پۇرسەت بەرمەڭلار. تۈركىيە سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار. تۈركىيە پۇقراسى بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭلار تۈركىيەدە بولساڭلارمۇ، قەلبىڭلار ئۇ يەردە بولسۇن، ۋەتىنىڭلارنى ئۇنتۇماڭلار. يەنە بىرى قىممەت قاراشلىرىڭلارنى، مەدەنىيىتىڭلارنى، كۇلتۇرۇڭلارنى ئۇنتۇماڭلار» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئىسمايىل چاتاقلى ئەپەندىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن تون ۋە ئۇيغۇر دوپپىسى كىيدۈرۈلدى.

پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلار ئابدۇجېلىل قارىمنىڭ ئەزان ئېيتىشى بىلەن، بىرلىكتە ئىپتار قىلدى.

ئارقىدىن تۈركىيە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى ياسىن ئاكتاي سۆز قىلىپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى جەم قىلغان بۇ پائالىيەتتىن خۇرسەن بولغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆز سالامىنى يوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



ئىپتار پائالىيىتى ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئەزاسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىمنىڭ باشچىلىقىدىكى ئوپچە دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.

# دوكلات: خىتاي ئۇيغۇرلارغا يەرشارى خاراكتېرلىك زەربە بەرمەكتە




ئامېرىكا ئەقىل ئامبىرى «ۋىلسون مەركىزى» هازىرغىچە ئۇيغۇرلار هەققىدىكى ئەڭ تەپسىلىي دوكلات دەپ سۈپەتلىگەن يېڭى دوكلاتنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنى يەر شارى خاراكتېرلىك باستۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ هەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، 25-ئاپرېل ئامېرىكا ئەقىل ئامبىرى ۋىلسون مەركىزى نىكسون خىتاي-ئامېرىكا تەتقىقات ئورنى تور ئارقىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىپ، «پولات سەددىچىن: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى يەر شارى خاراكتېرلىك باستۇرۇش هەرىكىتى» سەرلەۋھەلىك دوكلاتنى رەسمىي ئېلان قىلغان.

دوكلاتنىڭ ئاپتورى داڭلىق خەلقئارالىق مۇتەخەسسىس بىرەدلىي جاردىن (Bradley Jardine) بولۇپ، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرى تۈركەل ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات قاتارلىقلار يىغىنغا قاتنىشىپ، بۇ مەسىلىدىكى كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادا پاناھلانغۇدەك يېرى قالمىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ۋىلسون مەركىزىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر دوكلات خىتاينىڭ چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا ئائىت ئەڭ ئەتراپلىق تەتقىقات دوكلاتى ئىكەن. بىرەدلىي جاردىن توپلىغان سانلىق مەلۇماتلار بوشلۇق خاراكتېرلىك مەلۇمات بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ هەرقايسى دۆلەتلەردە ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن سۇنغان ئەز-شىكايەتلىرىنىڭ دۇنياۋى كۆلىمى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بىرەدلىي جاردىن مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ قانداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا باستۇرغانلىقىنىڭ تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زەربە بېرىش هەرىكىتىنىڭ باشقا دۆلەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دۇنيا مىقياسىدا ئۆكتىچىلەرگە زەربە بېرىدىغان باشقا دۆلەتلەر ئادەتتە داڭلىق پائالىيەتچىلەرنى نىشان قىلىدىكەن. ئەمما خىتاي هەتتا هېچقانداق سىياسىي كۆز قارىشى بولمىغان ئۇيغۇرلارنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇش نىشانى قىلغان. خىتاينىڭ زەربە بېرىش هەرىكىتى دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن هالەتكە كەلگەن.

ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئادەتتە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى كوزىر قىلىپ بېسىم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى غەم-ئەندىشە ۋە چۈشكۈنلۈككە مەھكۇم قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرى تۈركەلنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە ئامېرىكا هۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتى ئورتاق تونۇش هاسىل قىلغان.

254 بەتلىك مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، يېقىنقى بەش يىلدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان تەھدىتى، پاراكەندىچىلىكى ۋە قاتتىق كونتروللۇقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەن. خىتاي تەھدىت سېلىش ۋە تاپشۇرۇپ بېرىش قاتارلىق هەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، ئۆزىگە قارشى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. يەر شارى خاراكتېرلىك رەقەملىك كۆزىتىش تېخنىكىسىنىڭ پىششىپ يېتىلىشى بىلەن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش قىلمىشلىرى ماشىنىلاشقان دەۋرگە كىرگەن.

# خىتاينىڭ يەنە يەتتە يېرىم مىليون كىشىنى جازا لاگېرىغا قامايدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا



خىتاي دائىرىلىرى يېقىندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش 14-بەش يىللىق يىرىك پىلانى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئالاقىدار مەلۇماتلار كەلگۈسى بەش يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا يەنە يەتتە يېرىم مىليون كىشىنىڭ جازا لاگېرىغا قامىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 26-ئاپرېلدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ مەزكۇر «يىرىك پىلانى»دا خىتاينىڭ «13-بەش يىللىق پىلانى» مەزگىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنغان ئاتالمىش «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش خىزمىتى» خۇلاسىلەنگەن. شۇنداقلا 14-بەش يىللىق پىلانىدا، يەنى 2021-يىلىدىن 2025-يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 7 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىم تۈرلۈك ئاتالمىش «كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش»نىڭ قانات يايدۇرۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ھالبۇكى، باشتا جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان خىتاي رېجىمى كېيىن بۇ جىنايەتلىرىنى «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دېگەن نام بىلەن پەردازلاشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، كەلگۈسى بەش يىللىق پىلاندا تىلغا ئېلىنغان مەزكۇر يەتتە يېرىم مىليون كىشىنىڭمۇ ئوخشاش باھانە بىلەن جازا لاگېرىغا قامىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

خەۋەردە يەنە ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش سىستېمىسى»نىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغانلىقى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك «كەسپىي تەربىيەلەش سىستېمىسى»نىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەت، مەكتەپ، كارخانا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، جازا لاگېرىغا قاماش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنىڭ ماس قەدەمدە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەن.

خىتاي 2020-يىلى ئېلان قىلغان ئاق تاشلىق كىتابىدا شەرقىي تۈركىستاندا 2014-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە ھەر يىلى بىر مىليون 300 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش»كە قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇنىڭ ئاساسەن، بەش يىل ئىچىدە جازا لاگېرىغا قامالغانلارنىڭ سەككىز مىليونغا يېقىن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ باش ئىجراچىسى چېن چۈەنگو ئالماشتۇرۇلۇپ، ئورنىغا ما شىڭرۈي كەلگەن بولسىمۇ، ئانالىزچىلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. نۆۋەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرى ۋە ئالاقىدار پىلانلىرى بۇ قاراشنى دەلىللىمەكتە.




خىتاي ساختا تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا كۈنتەرتىپىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**

**www.istiqlalhaber.com**

**www.istiqlalmedia.com**

**+90 212 540 31 15**

**+90 553 895 19 33**

**+90 541 797 77 00**